السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# فەيرۇز مۇنداق دېدى: مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نىكاھىمدا ئاچا- سىڭىل بار» دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككىسىدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنى تالاق قىلغىن» دېدى

زەھهاك ئىبنى فەيرۇز ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن مۇسۇلمان بولدۇم، نىكاھىمدا ئاچا-سىڭىل بار» دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىككىسىدىن ئۆزۈڭ خالىغان بىرىنى تالاق قىلغىن» دېدى

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

يەمەنلىك ساھابى پەيرۇز دەيلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندا ئۇنىڭ ئىككى ئايالى بار بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئاچا-سىڭىل ئىدى، ئىسلامدىن بۇرۇن ئۇلار ئاچا-سىڭىل بىلەن بىراقلا توي قىلىشنى ئەيىب دەپ قارىمايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئايالى بولۇش ئۈچۈن ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىۋېلىپ، يەنە بىرىنى تالاق قىلىشقا بۇيرىدى، چۈنكى ئىسلامدا ئىككى ئاچا-سىڭىلنى نىكاھىدا بىللە تۇتۇش توغرا بولمايدۇ

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/58082

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee